السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# سەئىدنىڭ كۆللۆكچىلىكىدىن ھەيران قىلىشىۋاتامسىلەر! ئاللاھقا قەسەمكى، مەن سەئىدتىن بەك كۆنلەيمەن، ئاللاھ مەندىنمۇ بەك كۆنلەيدۇ. ئاللاھ كۆنلىگەنلىك سەۋەبىدىن ئاشكارا-يوشۇرۇن پاھىشە ئىشلارنى ھارام قىلغان. ئاللاھدىنمۇ بەكرەك كۆنلەيدىغان بىرەرسى يوقتۇر

مۇغىرە ئىبنى شۇئبىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، سەئىد ئىبنى ئۇبادە مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر ئەر كىشىنى بىنورمال ھالەتتە كۆرۈپ قالسام، كەچۈرمەستىن قىلىچ بىلەن كاللىسىنى ئېلىۋېتىمەن دېگەن خەۋەر رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ: «سىلەر سەئىدنىڭ كۆنلۆكچىلىكىدىن ھەيران قىلىشىۋاتامسىلەر! ئاللاھقا قەسەمكى، مەن سەئىدكە قارىغاندا بەك كۆنلەيمەن، ئاللاھ مەندىنمۇ بەك كۆنلەيدۇ. ئاللاھ كۆنلىگەنلىك سەۋەبىدىن ئاشكارا-يوشۇرۇن پاھىشە ئىشلارنى ھارام قىلغان. ئاللاھتەك ئۆزرىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر زات مەۋجۇت ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئاللاھتەك ماختاشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر زات يوق، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلغان

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

سەئىد ئىبنى ئۇبادە مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر ئەر كىشىنى بىنورمال ھالەتتە كۆرۈپ قالسام، قىلىچنىڭ بېسى بىلەن كاللىسىنى ئېلىۋېتىمەن، يەنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆلتۈرىۋېتىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى تەستىقلاپ، ئۆزىنىڭ سەئىدتىنمۇ كۆنلەمچى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھدىنمۇ بەكرەك كۆنلەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاللاھنىڭ كۆنلىشى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ماس كېلىدىغان خاس سۈپەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مەخلۇقلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن؛ ئاللاھنىڭ غەزەپ قىلىش، رازى بولۇش...دېگەندەك سۈپەتلىرىدە ھېچبىر مەخلۇق ئورتاق بولالمايدۇ. (يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق ئىسىم-سۈپەتلەردە ئۆز زاتى ئىلاھىغا لايىق رەۋىشتە سۈپەتلىنىدۇ. ئىسىم ۋە سۈپەتلەردە ھېچ ئوخشىشى يوق) شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پاھىشە ئىشلارنى ھارام قىلغان. يەنى ئاللاھ كۆنلىگەنلىك جەھەتتىن بەندىلىرىنى پاھىشىلەرگە يېقىنلىشىشتىن چەكلىگەن. پاھىشە دېگەن زىناغا ئوخشاش پاك قەلب ۋە ساغلام ئەقىللەردە قەبىھ تۇيۇلىدىغان ئىشلاردىن ئىبارەت. ئاشكارا: دېگەن سۆزدىن مەقسەت، ئاشكارا قىلىنغان ۋە سىرتقى ئەزالار قىلغان ئىشلار. يوشۇرۇن: دېگەندىن مەقسەت، مەخپى قىلىنغان ۋە قەلبگە تەۋە ئىشلاردۇر. «ئاللاھتىنمۇ ئۆزرىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر زات مەۋجۇت يوق، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن».يەنى ئىنسانلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. «ئاللاھتەك ماختاشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر زات يوق، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلغان»يەنى ئاللاھ مۇتلەق كامالەتكە ئىگە زاتتۇر، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئۇلار ھوزۇرلىنىدىغان بارلىق نېمەتلىرىنى سېخىلىق بىلەن ئاتا قىلغان، ئۇلار ماختىسا ئاللاھ رازى بولىدۇ. ئىنسانلار ئاللاھنى قانچىلىق ماختاپ كەتسە تېگىشلىك ھەققىنى بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئۆزىنى ئۆزى مەدھىيىلىگەن، ۋە ئاللاھنى كۆپ مەدھىيىلەپ جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بەندىلىرىگە جەننەتنى ۋەدە قىلغان، چۈنكى جەننەت نېمەتلەرنىڭ ئەڭ يۈكسىكىدۇر

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee